# حسن نینک اویی

کاشغر شهریده باسیلدی

# حسن‌نینک اویی

اوتکان زماندا صحرای کبیرداکی واح دیکان کنتلارنینک بریده اولتوروغلوق بشیر دیکان بر آدم بار ایردی. انینک خام خشتدین سالینغان بر اویی و کچیک کنه بر خرمالیق باغی بار ایردی. خدا انکا حسن و مبارک اسملیق ایکی اوغول بردی. بشیر عمرینی مزکور اویده اوتکوزوب آخر عمریده اوی بیلان باغنی ایکی اوغلیغه بولوب بردی. بو ایکولان خاتون بلالاری بیلان اول اویده اولتوروب تیریک چیلیک قیلور ایردی.

بر وقت اول یورتدا قاتّیق بورانلار چیقیب خرمانینک حسولینی خراب قیلغان اوچون آچاچلیق بولدی چونکه اول یورت‌نینک تولاراق طعامی خرما ایردی. اول بورانلار ایکولان‌نینک اویلاریکا هم تأثیر قیلدی. تاملاری یقیلغودیک بولدی و اوکزه‌سی‌نینک یغاچلاری اوتراسیدین ایکیلیب سینغالی یقین بولدی. بعضی همسایه‌لاری بو حالنی کوروب ایتیلار ای برادر اوی سیزلارنینک اوستونکیزکا یقیلماس دین بورون انی یاساسانکلار یخشی بولور ایردی. لیکن حسن بیلان مبارک ایکیلاسی فقیر بولغانی اوچون عمارتنی یاساغالی کتار دورغان چقمغه کوچلاری یتماس ایردی.

کوز وقتی بولغاندا مبارک حسنکا ایتّی ای قریندااش بو اویکا قایلا غیل انینک همه‌سی یقیلغودیک بولوب‌دور چونکه اوکزه‌سی ایکیکیب دور و تاملاری قاتایب دور پس مونینک توغراسیدا نمه مصلحت قیلورمیز. حسن جواب بریب ایتّی سن بو ایشدین قورقماغیل و بو اندیشه‌نی خاطرینکدین چیقارغیل دیب اوزی اریق بوییغه باریب

بر کومالاچ لای اتیب کلیب تام‌نینک یاروقلارینی چاپلادی. اندین کین مبارکنی قچقیریب انکا ایتّی بو اویکا قایلاغیل قاندا‌غ اونکلاندی ایمدی تاملاری محکم بولدی موندین کین یقیلیب توشوشدین قورقمایمیز. لیکن مبارک‌نینک کونکلی توختاماری چونکه اول اوی‌نینک اوّلقی حالدا ایکانینی و انکا تاشیدین لای چاپلان غاندین باشقه بر ایشی بولماغانینی بیلور ایردی.

مبارک اوییده همیشه انینکدین اندیشه قیلور ایردی. از وقت اوتماسده آمباری‌نینک تاملاریدین بری یقیلغالی میل قیلدی. پس مبارک حسنکا باریب ایتّی سنینک چاپلاغانینک‌نینک فائده‌سی بولما دی منا انینک تاملاری قاتایب قالیب دور. پس حسن اویکا قایلاب فکرسیزلیک بیلان ایتّی راست تاملار قاتایب قالیب دور لیکن خدا نینک ازنیدین باشقه یقیلمایدور دیب انی اعتبارغه المادی.

بر کون عرسی النّبی عیدی بولدی. حسن بر نچه کز خرید الیب کلیب عیدنینک عزّتینی قیلماق و تام‌نینک یاروقلارینی یاپ ماق و هم زینت بولماق اوچون مزکور خریدنی ایکیلکان تام‌نینک یاروقلاریغه توتّی یعنی تارتیب قویدی. لیکن مبارک انسراب اوی نینک تویوقسزدا یقیلیب توشوشیدین خصوصاً کلادورغان قیشدا یقیلماقیدین قورقار ایردی. کونکلیده همسایه‌لاریدین بر نچه تنکه قرض الیب اوینی یاساغالی نیت قیلدی. لیکن بو یلدا اچاچلیق بولدی و همسایه‌لاری‌نینک هم پُلی یوق بولغان سببدین انینکدین امیدینی اوزدی. آخر شهرنینک حاکمی بو ایکیسی‌نینک ایشینی بیلیب الدیغه قچقیریب کلیب ایتّی ایکینکیزنینک یقیلغالی تور غان اویونکیزنینک خبری منکا یتّی. بیلدیم که کلادورغان قیشدا تویوقسزدا یقیلیب توشوشیدین قورققانینکیز اوچون تنچلیق

ببلان اولتورالمایسیزلار . پس سیزلارنی موندا حاضر قیلدیم چونکه
منینک اویلاریمدین بری بیکار دور سیزلار پل تاپیب اویونکیزنی
یاساتیب خاطر جمع بولغونچه اولتوروب تورماق اوچون برکالی بولادور.
بو سوزنی انکلاغاندا مبارک خوش بولوب حاکم‌نینک قیلغان
یخشیلیقیغه شکر قیلیب منّتدار بولدی و کهنه اویدین کوچوب
حاکم برکان اویکا کلیب اولتوردی . امّا انینک قریندا‌شی حسن بو
ینکی اویده اولتورغالی اونامای اوزی‌نینک کهنه اوینی یخشیراق
کوردی . مبارک نصیحت قیلیب قورقوتوب هاردی . امّا حسنکا فائده
برمادی . حسن جواب بریب ایتور ایردی که راست بیزنینک اویومیز
کهنه دور و یقیلغودیک تورادور لیکن من کمان قیلورمن‌که اول یقیل
مایدور . اتا بابالاریم انینکدا عمرینی اوتکازکاندیک من هم شوندا
عمرومنی اوتکازورمن چونکه من اولاردین افضل ایماس من . پس
مبارک اول سوزلاردین تنک بولدی و حسن بیلان ایشی بولمادی .
قیشدا برکونی شمال طرفدین نهایت قاتیق بر بوران چیقتی
و هوا بولوتغه تولدی . جیق یامغور یاغادورغاندیک ایردی . مبارک
مونی کوروب قریندا‌شیغه بر حادثه بولوشیدین قورقوب یوکوروب انکا
کلیب انینک کهنه اویلارنینک بریده خاتون و بالالاری بیلان طعام
یب اولتورغانینی کوردی . پس ایتی ای برادر بو کیچه جیق یامغور
یاغادورغانینک انکیزی بار مبادا اوی اوستونکا یقیلسه بالالارینک
بیلان هلاک بولورسن . منینک نصیحتیمنی انکلایدورغان وقت
کلمادی مو . بر خطر واقع بولماسدین ایلکری بو اویدین چیقغیل .
حسن ایتی اتا بابام‌نینک اوییدین آیریلیب موندا کی برکتدین
محروم قالماق منکا ترس بولادور . من اوزنز دیمده موندا تورغاننی
آرتوق کورامن . قیچان‌که خطرنینک بر علامتینی کورسام درحال

اویدین چیقارمن . پس مبارك اوز اویبکا یانیب کلدی . کیچه‌دین بر از وقت اوتکاندین کین حسن مورکه‌داب اوخلاب قالدی . بالالاری هم اوخلادیلار . شول وقتدا یامغور یاغدی و اوی شرفه قیلغالی توردی . پس بالالاری‌نینك بری اویغانیب وای دادا اوی یقیلیب توشادور دیب قیچقیردی . پس داداسی قورقوب اویغانیب قوپتی و بعضی آش اوزوقلارینی قوتقاره‌اق اوچون امبار طرفیکا یوکوردی . بو ایشنی قیلیب تورغاندا اوکزه انینك اوستیکا توشوب انی باسیب اولتوردی .

---

## معنیسی

ای برادر عزیز بو تمثیلنی اوقوغاندا فکر قیلغیل .

ای مسلمانلار سیزلار کویا شونداغ بر اویده ساکن دور سیزلار که اول اوی سیزلارکا محکم و تازه کوروناندور . تحقیق اول اوی سیزلارکا اتا بابالارینکیزدین میراث قالیب دور . اندا اولتوروشقه اورکانیب قالیب سیزلار . کمان قیلورسیزلارکه قورقونچلوق اولوم کلکان وقتیدا و دهشتلیك قیامت کونیده شکسز انینك توروسی‌نینك تکیدا ساقلانورمیز .

لیکن بو اوی یخشی عمللارینکیزنینك اوستیکا بنا قیلینغان دور و یخشی عمللارینکیز آفتابدا قوروغان خام خشتغه اوخشایدور . آری بو اویونکیز یازفصلیده یعنی بو عالمده تاشیدین محکم کوروناندور . امّا دقّت بیلان نظر قیلسانکیز انینك خطالارنینك یاروقلاری

بیلان تولغانینی کورور سیزلار . و قیامت کونی کلکان وقتدا جزماً یقیلادور .

ای مونی اوقوغان کشی سنکا واجب دورکه اهتمام قیلغایسن واحتیاطنی الغایسن و اویونکده ظاهر بولوب کلادورغان خطردین قورقوتادورغان علامتلارنی ملاحظه قیلغایسن . یخشی عمللارینک نینک اراسیدا واقع بولغان خطالارنینک یاروقلاریغه قایلاغیل . حسن قیلغاندیک سن هم عاجز اویونکنی برکیتور سن . حسن اویینی اونکلا ماق اوچون لای بیلان برقات سووادی . سنینک حالینک هم شونداغ دور . پس حقیقتاً سن خطالارینکنی یخشی عمللارینکدین عبارت بولغان یوپقه پرده بیلان یاپقالی توراسن . لیکن بیلکیل‌که بو پرده خطالارینکنی خلق‌نینک کوزیدین پنهان قیلسه هم خدای تعالی نینک کوزیدین پنهان قیلالمایدور . البتّه قیامت کونی آشکارا بولادور .

حسن اول اویده تورغان وقتدا تام‌نینک یقیلغالی میل قیلغانینی کورکانده کونکلیکا بر قورقونچ توشتی . انینک اوچون پژمرده یرلاریکا انی ینه کورماس اوچون بر پارچه خرید تارتیب قویدی . سن هم شونداغ قیلورسن . مثلاً سنکا برکسل عارض بولسه اولومنی یادینکغه یتکوزورسن وکونکلونک اویغانور . کناه‌لارینکنی و خطالارینکنی کورور سن . شهادت کلتورماک بیلان یاکه قرآندین بعضی آیتلارنی اوقوماق بیلان یاکه قولونکغه تسبیح توتماق بیلان و موندین باشقه ایشلار بیلان اولارنی کوزونکدین یوشورغالی کوشیش قیلورسن پس بو وقتدا خیال قیلورسن که سنکا قورقونچ یوق دور . لیکن سن حقیقتده حالت خطرده و قورقونچ‌نینک سببلاری کونکلونکده قرار تاپقان دور .

ای برادر بیلکیل‌که تحقیق سن اولار بیلان کونکلونکا تسلّی

برکان یخشی عملارینک و شهادتینک و نمازینکنینک قیامت کونیده اصلا قیمت و اعتباری یوق دور و فائده هم قیلمایدور. انداغکه حسن نینک یقیلغالی تورغان اوینی بر قات سواماق و انکا زردیوال توتماق فائده برمادی. ایمدی فرصت برکیلکه سنکا حسن نینک مبارک دیکان قرینداشی نینک قصّه سیدین بعضی یرلارنی بیان قیلغایمن. مبارک اولده انینک بیلان بیلّه توردی. لیکن اول اوی نینک حالیدین قورقالی باشلادی. شونینکغه اوخشه بیز مسیحیلار سیز مسلمانلارنینک قریندا شلارینکیز دورمیز. و همه میز اتامیز ادم قویوب کتکان بر اویده تورامیز. بیز اول اوینی انینکدین میراث الدوق یعنی همه میزنینک طبیعتی بر ایردی. اندین بوزولدی و کناهلار بیلان بویالدی. و بیز هم بیزنی قورقوتقان خطرنی بیلماس ایردوک و کهنه اویومیزنی خواهلاب انی ینکودیک مضبوط دیب خیال قیلدوق. لیکن حق سبحانه و تعالی کوزلاریمیزنی آچتی و حالیمیزنینک خطرلیک ایکانیکا توشوندوک. بو وقتدین کین کناهلاریمیزنینک سببیدین جانلاریمیزغه بولادورغان ضرردین و آخرتنینک اهوالیدین قورقالی باشلادوق. بو سببدین خدای تعالی بیزکا برکان پناهنی کمال خوشلوق بیلان قبول قیلدوق و اول پناه شکسز عیسی مسیح دور.

پس ای مونی اوقوغان مسلمان کشی فرصت اوتماسدین ایلکری ایشانچیلیک پناهغه کلماکینکنی امید قیلورمیز چونکه اول بیزلار اوچون حاضر تورغاندیک سنینک اوچون هم حاضر دور. بیز مسیحیلار سنی کهنه اویونکنینک خطریدین قورقوتماق و ایشانچیلیک پناه بیلان بشارت برماک اوچون ایباریلکان الچیلار بیز. و بیز بو خبردین سنینک کونکلونککا توشادورغان رنجیش و خفه لقینکدا شریک دورمیز چونکه انیق بیلورمیزکه سنینک کونکلونک اتا بابالارینکنینک منزلیکا

باغلانغان دور و انینکدین آیریلماق سنکا ترس بولادور ۰ امّا بیز
شونداغ بولسه هم بو خبرنی سنکا یتکوزکالی بیورولغان بولغانیمیز
اوچون انی سندین یوشورالمایمیز ۰ و اول بیزنینک مقدّس واجبلار
یمیزدین دور ۰ بو خبرنی انکلاماقینک سنکا واجب بولغاندیک انی
بیان قیلماق هم بیزکا واجب دور بولماسه سن و بیز خدای تعالی‌نینک
الدیدا کناه‌کار بولورمیز ۰

آخردا سنکا ینه ایتورمن تحقیق سنینک اویونک ایشانجیسیز
دور ۰ انینک اوچون مسیحغه کلماکینکنی و انینک حمایتی‌نینک
استیغه کیرماکینکنی امید قیلورمن ۰ شکسز اول سنی قبول قیلادور
چونکه انجیلده ایتّی بر کشی منکا کلسه من انی تاشقاری تاش
لامایمن ۰ اول همیشه سنینک پناهینک بولادور ۰

آمین

S.M.S. KASCHGAR

1913